# «بۇ يەرگە ‹قۇم› دېگەن خەتنى قوشۇش كېرەك»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇزاقتىن بۇيان، ئۇ «تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاش»نى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى، بۇ قېتىم قۇمنى تىزگىنلەش مەسىلىسىنى مەخسۇس بۇنىڭغا كىرگۈزدى.

ئىچكى موڭغۇل دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى بولۇپ، باش شۇجىنىڭ قەلبىدىكى «تۈمەن چاقىرىملىق يېشىل سەددىچىن سېپىلى».

2019 ـ يىلىدىكى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە، باش شۇجى ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقان ۋاقتىدىمۇ، ئىچكى موڭغۇلدا ئورمان، ئوتلاق، سۇلۇق يەر، دەريا ـ ئېقىن، كۆل، قۇملۇق قاتارلىق كۆپ خىل تەبىئىي ھالەت بار بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەنگەن ئۇنىۋېرسال ئېكولوگىيە سىستېمىسى، ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە جەزمەن ئۇنىۋېرسال تۈزەش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەنىدى.

بۇ قېتىمقى قاراپ چىقىشتا ئېكولوگىيەنى تۈزەش مەسىلىسى يەنە قىزىق نۇقتا تېمىسىغا ئايلاندى.

بايىننۇردىن كەلگەن ۋەكىل جاڭ شياۋبىڭ تۇنجى بولۇپ سۆز قىلدى. ئۇ باش شۇجىغا خېتاۋ رايونىنىڭ ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش، قۇملۇقنىڭ شەرقتىن خۇاڭخې دەرياسىغا ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

«بايىننۇر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ‹几› خەت شەكلىدىكى قىسمىنىڭ چوققىسىغا جايلاشقان بولۇپ، سۇغىرىشقا تايىنىدىغان يېزا ئىگىلىكى ناھايىتى ياخشى تەرەققىي قىلغان». باش شۇجى بۇ «شىمالدىكى جياڭنەن بوستانلىقى»نى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى، «بۇ جاينى ياخشى قوغداش كېرەك، شورلىشىپ كەتكەن تېرىلغۇ يەرلەرنى تۈزەش مەسىلىسى بار، شۇنداقلا قۇمنى تىزگىنلەش مەسىلىسىمۇ بار».

«تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق، قۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇنىۋېرسال تۈزەش كېرەك، بۇ، بىر سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.» باش شۇجى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ مۇنداق دېدى: «مەسىلەن، بەزى جايلار كۆچەت تىكىپ ئورمانغا قايتۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۆزگەرتتى، بەزى جايلار قۇملۇقنى ئۆزگەرتىشكە ماس كەلمىسىمۇ، ئەكسىچە يۇقىرى تەننەرخ سەرپ قىلىپ ئۆزگەرتتى، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بولمايدۇ. ئالدى بىلەن ياخشى تەتقىق قىلىپ، ياخشى پىلانلاپ، ئىلمىي يۆنىلىش بويىچە ئۆزگەرتىش كېرەك، ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىش، مەسەك يول باشقا، مەنزىل باشقا بولۇپ قېلىپ، قوش زىيان تارتىپ، بىھۇدە ئىش قىلغان بولىمىز».

ئالاشەن ئايمىقىدىن كەلگەن ۋەكىل گې مىڭ مۇنداق دېدى: ئالاشەننىڭ تەخمىنەن 93% يېرى قۇملۇق، چۆل ۋە چۆل ئوتلاق بولۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئىنتايىن ئاجىز، ئىلگىرى تېڭگېر، بادەنجىلىن، ئۇلانبۇخ قۇملۇقى ئاممىنى يەتكۈچە زىيانغا ئۇچراتقانىدى.

«تېڭگېردا ئىلگىرى بۇلغىنىش ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئۆلكىلەر قۇملۇققا پاسكىنا سۇ قويۇپ بېرىپتۇ، مەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەخسۇس تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ، بۇلغاشنى توختىتىپ، تۈزەشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدىم» دېدى باش شۇجى ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ.

ئېكولوگىيەنى تۈزەشنى چۆرىدەپ، ۋەكىللەر «قۇم»دىن «ئورمان»غىچە توختالدى.

ۋەكىل جوۋ يىجى ئىچكى موڭغۇلدىكى داشىڭئەنلىك تېغى ئورمانچىلىق رايونىدىن كەلگەن ئورمانچىلىق مەيدانى ئىشچىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ «دەرەخ كەسكۈچى»دىن «دەرەخكە قارىغۇچى»غا ئايلىنىش كەچۈرمىشىنى تونۇشتۇردى:

خىزمەتكە قاتناشقاندا، ئۇلارنىڭ ئىشچىلار ئەترىتىدىكى 50 نەچچە كىشى ھەر يىلى قىشتا ئىشلەپچىقارغان ياغاچ ماتېرىيالنى 400 ۋاگونغا قاچىلىغىلى بولاتتى. كېيىن دۆلەت تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، ئورمانلار ئاسرىلىپ كۆپەيدى، ئېكولوگىيە زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

«ھازىر ياۋايى ھايۋانلار كۆپەيدى، دائىم ئېلىك، قوڭۇر ئېيىقلار ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە باشقۇرۇش ـ قوغداش پونكىتىغا ‹قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇرىدۇ›. مۆلچەرلىمە ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، 2018 ـ يىلى بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئورمان ۋە سۇلۇق يەر ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئومۇمىي قىممىتى 615 مىليارد 974 مىليون يۈەن بولغان» دېدى ئۇ.

«‹دەرەخ كەسكۈچى›دىن ‹دەرەخكە قارىغۇچى›غىچە بولغان سىزنىڭ بۇ سالاھىيىتىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشى دەل دۆلىتىمىزنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى.» باش شۇجى ئۇلاپلا كۆپچىلىككە بىر ئېكولوگىيە ھېساباتىنى قىلىپ بەردى، «سىز تىلغا ئالغان بۇ ئېكولوگىيە ئومۇمىي قىممىتى دەل يېشىل GDP ئۇقۇمى بولۇپ، ئېكولوگىيەنىڭ ئەسلىدىنلا قىممىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتى بولۇپلا قالماي، يەنە يېشىل ئۆپكە ئېففېكتىمۇ بار، تېخىمۇ مۇھىمى ساياھەتچىلىك، ئورمانلىق ئىقتىسادى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ».

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇلدىن بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، ئاتموسفېرا، سۇ، تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى كۈچەيتىپ، شەھەر ـ يېزا مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى.

باش شۇجى تەبىئىي ئېكولوگىيە تېمىسىدىن يۆتكىلىپ يەنە سىياسىي ئېكولوگىيە ئۈستىدە توختالدى.

ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە، ئىچكى موڭغۇل تەرەققىياتتا كۆمۈر قاتارلىق بايلىقلارنى ئېچىشقا تايىنىپ، تەبىئىي ئېكولوگىيەگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماي، سىياسىي ئېكولوگىيەنىمۇ بۇلغىغانىدى. بۇلتۇر، ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، باش شۇجى مۇنداق كۆرسەتتى: «كۆمۈرگە چېتىشلىق چىرىكلىك بۇلغىنىشتىكى زەھەرلىك ئۆسمە ۋە مەنبەگە ئايلاندى، بۇنىڭدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، تۈزۈمدىكى يوچۇقلارنى چىڭ ئېتىش كېرەك».

باش شۇجىنىڭ تەلىپىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇلتۇردىن بۇيان، ئىچكى موڭغۇل كۆمۈر ساھەسىگە چېتىشلىق چىرىكلىكنى «كەينىگە 20 يىل ياندۇرۇپ تەكشۈردى»، ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ زور بىر تۈركۈم مەسىلە بىر تەرەپ قىلىندى.

«بۇ ئىشنى جەزمەن تۇتۇش كېرەك، تۇتماي بولمايدۇ.» باش شۇجىنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانى قەتئىي ئىدى، «ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك كادىرلار ‹ئۆزىنىڭ مەڭگۈ خەلقنىڭ چاكىرى ئىكەنلىكىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلىشى كېرەك. قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىشقا، بەزى مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنىڭ كۆمچىگە چوغ تارتىشقا بولمايدۇ›، ‹كۆمۈردىن پايدىلىنىپ چىرىكلەشكەندە، قۇۋلۇق ـ شۇملۇقى ھامان ئاشكارىلىنىدۇ، ئاشكارىلانغان ھامان زەربە بېرىمىز›».

«پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى قانات يايدۇرۇۋاتقىنىغا سەككىز يىل بولدى، بىر تەرەپتىن كۆپەيمە چىرىكلىككە قەتئىي، قىلچە يول قويمىدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن ساقلانما چىرىكلىك ئاشكارىلانسىلا قىلچە يول قويمىدۇق. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكى دېموكراتىك، جانلىق كەيپىياتقا تولغانىدى. جاڭ شياۋبىڭ، نارېنتۇيا، گېمىڭ، جوۋ يىجى، لى گوچىن قاتارلىق بەش ۋەكىل ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خېتاۋ سۇغىرىش رايونىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، قەتئىي تەۋرەنمەي دۆلەت بىرتۇتاش تۈزگەن دەرسلىكلەرنى ئىشلىتىشنى يولغا قويۇش، چېگرا رايونلارنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلگەن، توپلاشتۇرۇلغان، تۈجۈپىلەنگەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، داشىڭئەنلىك تېغىنىڭ يېشىل بايلىقىنى ياخشى قوغداش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ ئارىلاپ كۆپچىلىك بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تامامەن قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئىچكى موڭغۇلدىكى يولداشلارنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئىچكى موڭغۇلنى دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدىكى بىخەتەرلىك، مۇقىملىق توسۇقى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش بويىچە، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئېنېرگىيە ۋە ئىستراتېگىيەلىك بايلىق بازىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىمالغا ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم كۆۋرۈك بېشى ئىستىھكاملىق ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە ئىچكى موڭغۇل تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىچكى موڭغۇلنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى ئورنىنى توغرا تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىككە ئىگە ساھەسى ۋە كەمتۈكلۈك، يېتەرسىزلىكنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى نۇقتىلىق كەسىپلەر ۋە ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش، يېشىللىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر ۋە ئىلغار ياسىمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكتىن ساقلىنىش، يېتىشتۈرۈش، ئەلالاشتۇرۇش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، فۇنكسىيەنى ئايلاندۇرۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى چىڭ كۆزلەپ يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تىرەكلىك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىچكى موڭغۇل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملىدى، بۇ، خۇشاللىنارلىق ھەم تەرىپلەشكە تېگىشلىك ئىش. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، شەھەر، يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىش، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يەنىلا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. ئىچكى موڭغۇلنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى، ئولتۇراقلىشىشى بىرقەدەر تارقاق، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاجىز، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زور، خىرىس كۆپ بولۇپ، كۆلەملىك قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاش كېرەك. ئەۋزەل، خاس كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش، سۈپەتلىك ماركىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ھەم ئۇنى مەدەنىيەت ـ ساياھەت، يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ياخشى قوغداپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدىكى ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، ئاتموسفېرا، سۇ، تۇپراق بۇلغىنىشىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى كۈچەيتىپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلاش كېرەك. مەنبەدىن تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بايلىقتىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا تۈرتكە بولۇپ، نۇقتىلىق كەسىپ، مۇھىم ساھەلەرنى يېشىللاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش سالمىقىنى زورايتىپ، پاكىز ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك. تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق، قۇملۇقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قوغداش سالمىقىنى زورايتىپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىچكى موڭغۇل دۆلىتىمىزدە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان مىللىي ئاپتونوم رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە، ئۇزاقتىن بۇيان «نەمۇنىلىك ئاپتونوم رايون» دېگەن ئالىي شەرەپكە ئىگە، بۇنى ھەسسىلەپ قەدىرلەش، داۋاملىق ساقلاش كېرەك. ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشنى چۆرىدەپ، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەننى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە خىزمەتلەرنى ئىنچىكە ئىشلەپ، پۇختا ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەدەنىيەتتىكى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يىلتىزى، مىللەتلەر ئىناقلىقىنىڭ روھى. دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، دۆلەت بىرتۇتاش تۈزگەن دەرسلىكلەرنى قوللىنىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسىدىن باشلاپ تۇتۇپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىش، توغرا دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشىنى تۇرغۇزۇش، بايرىقى روشەن ھالدا تۈرلۈك خاتا ئىدىيەۋى قاراشلارغا قارشى تۇرۇش، «گۈزەل ئىچكى موڭغۇل قۇرۇپ چىقىپ، ئۇلۇغ جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش»تىكى بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەشكە يېتەكلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كەم ـ كوتىسىز ياخشى تۇتۇش كېرەك. ھەممىدە ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا، بېسىپ ئۆتكەن يولنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، ھەرقانچە يىراققا ماڭسىمۇ، ھەرقانچە پارلاق كەلگۈسىگە يېتىپ بارسىمۇ، بېسىپ ئۆتكەن ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، نېمە ئۈچۈن يولغا چىققانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. پارتىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتىيەمىز مىللەت مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. يولداش لى داجاۋ موڭغۇل ئاممىسى ئارىسىدا ماركسىزمنى تارقىتىش، كوممۇنىزملىق ئىلغار شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى ۋە قاتناشتى. 1923 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇلدا ۋۇ لەنفۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇنجى تۈركۈمدىكى كوممۇنىستلار بارلىققا كەلدى. 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ جاكارلىنىشى پارتىيەمىزنىڭ ماركسىزمنى قوللىنىپ دۆلەت ئىچىدىكى مىللەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىگە ئايلاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىچكى موڭغۇل «بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ باۋگاڭ قۇرۇش»، «3000 يېتىم بالىنىڭ ئىچكى موڭغۇلغا ئورۇنلىشىشى» قاتارلىق تارىخىي داستانلارنى ياراتتى. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە بۇ قىزىل بايلىقلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى پارتىيە تارىخىنى نۇقتىلىق ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بولۇپمۇ مىللەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ئىدىيەۋى تونۇش ۋە خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋەكىل چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، دۆلەت ئىچىدىكى مۈشكۈل، ئېغىر ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ، «ئىككى چوڭ مۆجىزە»نىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ياراتتى. ئەمەلىيەت يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسلۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكنى قەتئىي قوغداش ئومۇميۈزلۈك ھالقىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى زورايتىش، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىسى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ۋەكىل ئەركىن ئىمرباقى مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. 2020 ـ يىلى قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار، بولۇپمۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن يۇقۇمنىڭ زەربىسى ئالدىدا، دۆلىتىمىزنىڭ «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)